| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | | -تۈم، -دۇم، -تۇم، -دۇم، -تىم، -دىم | -تۇق، -دۇق |
| II-شەخس | ئاددى تۈرى | -تۈڭ، -دۈڭ، -تۇڭ، -دۇڭ، -تىڭ، -دىڭ | -تۈڭلار، -دۈڭلار، -تۇڭلار، -دۇڭلار، -تىڭلار، -دىڭلار |
| | سىپايە تۈرى | -تىڭىز، -دىڭىز | |
| III-شەخس | | -تى، -دى | |

مەسلەن:

يازدىم ← ياز+دىم　　تۇتتۇم ← تۇت+تۇم　　ئوقۇدۇق ← ئوقۇ+دۇق

كەتتىم ← كەت+تىم　　كۆردۈم ← كۆر+دۈم

ئوقۇدۇم ← ئوقۇ+دۇم　　ئۆتتۈم ← ئۆت +تۈم　　ئۆتتۇق ← ئۆت + تۇق

يازدىڭ ← ياز+دىڭ　　يازدىڭلار ← ياز+دىڭلار　　يازدى ← ياز+دى

كەتتىڭ ← كەت+تىڭ　　كەتتىڭلار ← كەت+تىڭلار　　ئوقۇدى ← ئوقۇ+دى

ئوقۇدۇڭ ← ئوقۇ+دۇڭ　　ئوقۇدۇڭلار ← ئوقۇ+دۇڭلار　　تۇتتى ← تۇت+ تى

تۇتتۇڭ ← تۇت+ تۇڭ　　تۇتتۇڭلار ← تۇت+ تۇڭلار　　كۆردى ← كۆر+دى

كۆردۈڭ ← كۆر+دۈڭ　　كۆردۈڭلار ← كۆر+دۈڭلار

ئۆتتۈڭ ← ئۆت +تۈڭ　　ئۆتتۈڭلار ← ئۆت +تۈڭلار

116

2) بولۇشسىز شەكلى:

مەسلەن:

يازما + دىم ← يازمىدىم

(ناخشا) ئېيتما + دۇق ← (ناخشا)ئېيتمىدۇق

كۆرمە + دىڭىز ← كۆرمىدىڭىز

مۇزاكىرە قىلما + دى ← مۇزاكىرە قىلمىدى

3) سوئال شەكلى:

يازدىمۇ

ئاياغلاشقانلىرىغا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن :

يول – يولدىن، تۇز – تۇزدىن، يېزا – يېزىدىن، ئائىلە – ئائىلىدىن، ئۆگزە – ئۆگزىدىن، سىنىپ – سىنىپتىن، ئىش – ئىشتىن، تارىخ – تارىختىن، مەكتەپ – مەكتەپتىن.

2- چەك كېلىش

چەك كېلىش جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھالىتىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئورۇن چېكى ياكى ۋاقت چېكىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسمغا « -غىچە، - قىچە، - گىچە، - كىچە » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىسملار جۈملىدە ھالەت ۋە بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① قاسىم بازاردىن تاھ ئۆيگىچە پىيادە كەلدى.

② ئەلىشىر بىر يىلغىچە ئامېرىكىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

③ بۈگۈن مەن 10- دەرستىن 15-دەرسكىچە تەكرارلىدىم.

ئىزاھات ①: چەك كېلىش قوشۇلغان ئىسمغا، « -لىك » قوشۇمچىسى قوشۇلغان مەنە جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل بولمايدۇ. مەسىلەن:

① قاسىم بازاردىن تاھ ئۆيگىچىلىك پىيادە كەلدى.

② ئەلىشىر بىر يىلغىچىلىك ئامېرىكىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىزاھات ②: ئاۋۇ، بۇ، ئۇ قاتارلىق ئالماشلارنىڭ چەك كېلىش شەكلى ئۇغىچە، ئاۋۇغىچە، بۇغىچە بولمايدۇ، ئاۋۇنىڭغىچە، بۇنىڭغىچە، ئۇنىڭغىچە بولىدۇ.

3- ئۆتكەن زامان

ئىش – ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئۆتكەن زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① مىلتىقلار تاراسلاپ، ئادەملەر يىغلىشقا باشلىدى. قىقاس- چۇقان كۆتىرىلدى.

② بىردەم ئىچىدە خەلق توپى كۆپىيىپ، غەزەپلىك نىدالار ياڭراشقا باشلىدى.

③ قارلىق دالا ئاستا – ئاستا يورۇپ، تاغ ئۈستىدە قۇياش پارقىردى.

④ بىز چۈشتىن كېيىن توپ ئوينىدۇق.

1) بولۇشلۇق شەكلى تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار بىلەن تۈزىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| Fazla | جىق |
| Vesaire | قاتارلىق |
| Sıcak | ئىسسىق |
| Zor | جاپالىق |
| Yorul- | ھار- |
| Yönetim | رەھبەرلىك |
| Hepimiz | ھەممىمىز |
| Kına- | ئەيىبلە- |
| Bütün | بارلىق |
| Toplu | كوللېكتىپ |
| Keyifli | كۆڭۈللۈك |
| Razi olma - | نارازى بول- |

## گرامماتىكا

### 1- چىقىش كېلىش

چىقىش كېلىش ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا « - دىن، - تىن » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.



بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېيىققا ئوق ئۈزدى، ئېيىق دومىلىنىپ كەتتى.

② ئېيىق كۆكرىگىدىن قان ئېقىپ تۇرۇۋشىغا قارىماي، يەنە قوپۇپ دەھشەت بىلەن ھۆكۈرگەن پېتى يىگىت تەرەپكە دەلدەڭشىپ ماڭدى.

③ يىگىت بىر قاراپلا قىزنىڭ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن دەرمانى كەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئىزھات①: ئۇيغۇرتىلىدا، بىر قىسىم پېئىللار، سۈپەتلەر ۋە رەۋىشلەر چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: قورق -، كېيىن، يىراق

ئىزاھات ②: ئاۋۇ، بۇ، ئۇ قاتارلىق ئالماشلارنىڭ چىقىش كېلىش شەكلى بۇدىن، ئۇدىن بولمايدۇ، بەلكى ئاۋۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن، ئۇنىڭدىن بولىدۇ.

چىقىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «- دىن» ئاخىرى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ياكى ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا، «- تىن»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن